# يۇھاننا يازغان ئۈچىنچى خەت

## (قىسقىچە چۈشەندۈرۈش)

مۇئەللىپ بۇ خەتنى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ گايۇس ئىسىملىك يېتەكچىسىگە يازغان بولۇپ، ئۇ خېتىدە گايۇسنىڭ ئېتىقادچىلارغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم قىلغانلىقىدىن ئۇنى ماختاش بىلەن بىرگە دىئوترېپ ئىسىملىك بىر كىشىنى ئەيىبلىگەن.

تېزىس:

1. دۇئايىسالام (1 — 4 ـ ئايەتلەر)
2. گايۇسنى ماختاش (5 — 8 ـ ئايەتلەر)
3. دىئوترېپنىڭ قىلمىشلىرى (9 ـ، 10 ـ ئايەتلەر)
4. دېمېترىنىڭ ياخشى ئىشلىرى (11 ـ، 12 ـ ئايەتلەر)
5. ئاخىرقى سۆز (13 — 15 ـ ئايەتلەر)

# يۇھاننا يازغان
# ئۈچىنچى خەت

[1] قەدىرلىك گايۇسقا، مەنكى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ
يېتەكچىسىدىن سالام! مەن چىن كۆڭلۈمدىن سېنى سۆيىمەن. [2] قەدىرلىك
دوستۇم، قەلبىڭ ساغلام بولغاندەك، ھەممە ئىشلىرىڭنىڭ ئوڭۇشلۇق ۋە
تېنىڭنىڭ سالامەت بولۇشىغا تىلەكداشمەن. [3] بەزى قېرىنداشلار كېلىپ،
سېنىڭ خۇدانىڭ ھەقىقىتىدە چىڭ تۇرغانلىقىڭنى، يەنى ھەقىقەت يولىدا
داۋاملىق مېڭىۋاتقانلىقىڭنى ئېيتقاندا، مەن بەك خۇرسەن بولدۇم. [4] مەن
ئۈچۈن، پەرزەنتلىرىمنىڭ ھەقىقەت يولىدا مېڭىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاشتىنمۇ چوڭ
خۇشاللىق يوقتۇر.

### خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولىدىغانلارغا ياردەم بېرىش

[5] قەدىرلىك دوستۇم، ئەيسا مەسىھكە خىزمەت قىلىش يولىدا كەلگەن
قېرىنداشلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ساڭا ناتونۇش بولسىمۇ، سەن ئۇلارغا ياردەم

بېرىپ كەلدىڭ. بۇ سىنىڭ خۇداغا بولغان ساداقەتمەنلىكىڭنى كۆرسىتىدۇ.
[6] ئۇلار بۇ يەردىكى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى ئالدىدا سىنىڭ بۇ مېھىر ـ
مۇھەببىتىڭگە گۇۋاھلىق بەردى. ئۇلارنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق
كۈتىۋېلىپ، خۇدانى خۇرسەن قىلغان ھالدا ئۇلارنىڭ سەپىرىگە ياردەم
بەرسەڭ، ياخشى قىلغان بولىسەن. [7] چۈنكى، ئۇلار بۇ سەپەردە ئېتىقاد
قىلمىغانلارنىڭ ھەرقانداق ياردىمىنى قوبۇل قىلماي، ئەيسا مەسىھنىڭ
خىزمىتىدە يولغا چىقتى. [8] شۇڭا، بىز بۇنداق ئىخلاسمەن كىشىلەر بىلەن
بىرلىكتە ھەقىقەت يولىدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى قوللاپ ـ
قۇۋۋەتلىشىمىز كېرەك.

[9] بۇ توغرۇلۇق جامائەتچىلىككە بىر پارچە خەت يازغانىدىم. لېكىن،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇۋالغان، جامائەتچىلىككە باشلىق بولۇش
تەمەسىدە بولغان دىئوترېپ بىزنىڭ سۆزىمىزگە كىرمىدى. [10] شۇنىڭ ئۈچۈن،
مەن بارغاندا، ئۇنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى يۈزىگە سالىمەن. ئۇ بىزگە
رەزىل سۆزلەر بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي،
ئەيسا مەسىھنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن كەلگەن قېرىنداشلىرىمىزنىمۇ
قوبۇل قىلمايۋاتىدۇ. ھەتتا بۇ قېرىنداشلىرىمىزنى قوبۇل قىلماقچى بولغان
كىشىلەرنى توسۇپ، ئۇلارنى جامائەتچىلىكتىن قوغلاپ چىقىرىۋاتىدۇ.

[11] قەدىرلىك دوستۇم، يامانلىقتىن ئەمەس، ياخشىلىقتىن ئۈلگە ئال.
ياخشىلىق قىلغان كىشى خۇداغا مەنسۇپتۇر. يامانلىق قىلغان كىشى خۇدانى
تونۇپ يەتمىگەندۇر.

[12] دېمىترىگە كەلسەك، ھەممەيلەن ئۇنى ياخشى ئادەم، دەپ
ماختىماقتا. بۇنى ئۇنىڭ ھەقىقەت يولىدا قانداق ماڭغانلىقىدىنمۇ بىلگىلى
بولىدۇ. بىزمۇ ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمىز. گۇۋاھلىقىمىزنىڭ راستلىقىنى سەنمۇ
بىلىسەن.

## ئاخىرقى سۆز

13 ساڭا دەيدىغان يەنە كۆپ سۆزلىرىم بار ئىدى. لېكىن، قەلەم بىلەن
سىياھنى ئىشلەتكەندىن كۆرە، 14 سەن بىلەن پات ئارىدا دىدار كۆرۈشۈشنى
ئەۋزەل بىلدىم. شۇ چاغدا سۆزلىشەرمىز. 15 ئامانلىق ساڭا يار بولسۇن!
دوستلىرىڭدىن ساڭا سالام. سەنمۇ ئۇ يەردىكى دوستلىرىمىزنىڭ ھەممىسىگە
مەندىن سالام ئېيتقايسەن.